# گۈزەل يۆگىمە رەسىم تەدرىجىي ئېچىلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۈرۈمچى ناھىيەسىنىڭ شۈيشىگۇ بازىرى مىبىرگۇ كەنتىدىكى چارۋىچى تالغات سانتاي: نەنسەن مەنزىرە رايونى «بىر پەسىللىك ساياھەت» بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن، مىنىڭ دېھقانلار ئارامگاھىمغا تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە ساياھەتچىلەر قەدەم تەشرىپ قىلىدىغان بولدى، دېدى.

**خوتنى يۆتكەپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش**

## «نەنسەن ساياھىتى» پۈتۈن رايون ساياھىتىگە تۈرتكە بولدى

ئېكولوگىيەلىك ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانىنىڭ تەرتىپلىك بولۇشى، بەلگە تاختىسىنىڭ كۆركەم ۋە مودا بولۇشى، سىمسىز تورنىڭ قاپلىشى ساياھەت تۇيغۇسىنى ئۆستۈردى... ھازىر، «100 چاقىرىملىق ئالتۇن ساياھەت كارىدورى، دالىدىكى ئىستىراھەت ـ دەم ئېلىش گۈزەل ماكانى» دېگەن چىرايلىق نامى بار تىيانشان چوڭ جىلغىسى مەنزىرە رايونى يېپيېڭى قىياپەت بىلەن تەرەپ ـ تەرەپتىن كەلگەن ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋالماقتا.

دۆلەت 5A دەرىجىلىك ساياھەت مەنزىرە رايونى بولۇش سۈپىتى بىلەن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، تىيانشان چوڭ جىلغىسى مەنزىرە رايونى خاس ساياھەت تۈرلىرىنى ئېچىش ھەم ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئەقلىي مەنزىرە رايونى قۇرۇلۇشى قەدىمىنى تېزلىتىپ، مەنزىرە رايونىنىڭ تازىلىقى، يېمەك ـ ئىچمەك ھەم مۇلازىمەت سۈپىتىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرگەچكە، ساياھەتچىلەر تېخىمۇ كۆڭۈللۈك ساياھەت تۇيغۇسىغا ئىگە بولدى.

«ئۈرۈمچى نەنسەن خەلقئارا ساياھەت رايونى ئومۇمىي يىرىك پىلانىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئۈرۈمچى ناھىيەسىنىڭ ساياھەت تەرەققىيات چوڭ ئەندىزىسىنىڭ خوتنى يۆتكەپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپلا قالماستىن، يەنە نەنسەن مەنزىرە رايونىنى تەرەققىيات يېڭى پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى» دېدى ئۈرۈمچى ناھىيەلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن ھاكىم فاڭ ئەيگو.

سەرخىل مەنزىرە رايونى بەرپا قىلىپ، نەنسەن مەنزىرە رايونىنىڭ تونۇلۇش دەرىجىسى ۋە ساياھەتچىلەرنىڭ ھېس قىلىش تۇيغۇسىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇش ئۈچۈن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئۈرۈمچى ناھىيەسى ئۈچ چوڭ قۇرۇلۇشنى يولغا قويۇشنى باشلىدى: 5A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونى تىيانشان چوڭ جىلغىسى مەنزىرە رايونى دۆلەت ئۆلچىمى بويىچە نىشانغا توغرىلاپ ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تاماملىدى؛ 4A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونى مۇشۇتەي مەنزىرە رايونى قاتارلىقلارنىڭ دەرىجىسى ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە كۈچەپ، ئۇل مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرىنى مۇكەممەللەشتۈردى؛ 3A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونى ئۈرۈمچى ئاسىيا چوڭ قۇرۇلۇقى جۇغراپىيەلىك مەركىزى مەنزىرە رايونى قاتارلىقلارنىڭمۇ پۈتۈنلەي خوتنى يۆتكەپ دەرىجىسىنى ئۆستۈردى.

بۇلتۇر، ئۈرۈمچى ناھىيەسى 30 دېھقان(چارۋىچى)لار ئارامگاھىغا قارىتا يۇلتۇز دەرىجىلىك ئارامگاھ بەرپا قىلىش ۋە يۇلتۇز دەرىجىسىنى قايتا تەكشۈرۈش خىزمىتى ئېلىپ باردى، بەلگىلىك كۆلەم ئۈنۈمىگە ئىگە 340 ئائىلىلىك دېھقان (چارۋىچى)لار ئارامگاھىنىڭ ساياھەت كۈتۈۋېلىش نۇقتىسىدا ئۆي ئىچىدىكى سۇ بىلەن چايقىلىدىغان ھاجەتخانىغا ئۆزگەرتىشنى تاماملىدى... خوتنى يۆتكەپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش نەنسەن مەنزىرە رايونىنىڭ ماركىسىنى نۇرلاندۇرۇپ، پۈتۈن ناھىيە ساياھەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى. سانلىق مەلۇماتلاردا كۆرسىتىلىشىچە: بۇ يىل 1 ـ ئايدىن 3 ـ ئايغىچە، ئۈرۈمچى ناھىيەسىنى ساياھەت قىلغان ئادەم سانى 2 مىليون 40 مىڭ ئادەم قېتىمغا يەتكەن بولۇپ، ساياھەت كىرىمى 175 مىليون يۈەن بولغان.

**شەكلىدە يېڭىلىق يارىتىش**

## نەنسەن مەنزىرە رايونى ئالقىشلاندى ھەم ساياھەتچىلەر تېخىمۇ كۆپ جەلپ قىلىندى

ئۈرۈمچى ناھىيەسىنىڭ «مول ساياھەت كانى» بولۇش سۈپىتى بىلەن، نەنسەن مەنزىرە رايونى ساياھەت بايلىقىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى زور، خىللىرى كۆپ، تۈرلىرى ئەلا.

«بىزنىڭ بۇ جايدىكى كەشتىچى ئاياللارنىڭ ھەربىرى ئايدا 2500 يۈەندىن 5000 يۈەنگىچە كىرىم قىلىدۇ». قارمۇز ھەرىكىتى خاس كىچىك بازىرىنىڭ ئاھالىسى خاتىمە ئەنەيتۇل مىللىي قول ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرى دۇكىنىدا خۇشال ھالدا مۇخبىرغا يۇقىرىقى سۆزلەرنى ئېيتتى.

يېقىندا، بۇ خاس كىچىك بازار مەدەنىيەت ئېلېمېنتى ۋە ساياھەت ئېلېمېنتىنى بىر گەۋدە قىلغان مەززىلىك تائاملار كوچىسى قۇرغان بولۇپ، نەنسەن مەنزىرە رايونىدىكى يەنە بىر يارقىن نۇقتىغا ئايلاندى. ساياھەتچىلەرنىڭ تۈركۈملەپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، خاتىمەنىڭ تىجارەت كىرىمىمۇ كۆپەيدى.

2018 ـ يىلى، ئۈرۈمچى ناھىيەسى چوقۇم كۆرۈشكە تېگىشلىك ئون چوڭ مەنزىرە نۇقتىسى، چوقۇم قونۇشقا تېگىشلىك 20 يۇقراۋى قونالغۇ، چوقۇم ئويناشقا تېگىشلىك 30 ساياھەت تۈرى، چوقۇم غىزالىنىشقا تېگىشلىك 50 دېھقان(چارۋىچى)لار مەززىلىك تائاملىرى ئارامگاھىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، نەنسەن مەنزىرە رايونىنىڭ ساياھەت ماركىسىنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى بېيىتتى.

بىر قاتار تىجارەت تەشۋىقات تەدبىرلىرى نەنسەن مەنزىرە رايونىنىڭ نامىنى چىقاردى ھەم ساياھەتچىلەرنى تېخىمۇ جەلپ قىلدى.

شىنجاڭ يىپەك يولى خەلقئارا ئارامگاھى چاڭغا تېيىلىش مەيدانىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى خۇاڭ خې مۇنداق دېدى: «ئۈرۈمچى ناھىيەسى سودىگەر چاقىرىش ئارقىلىق ئەمەلىي كۈچى بار شىركەتلەرنى نەنسەن مەنزىرە رايونىنى ئېچىش، بۇ يەردە تىجارەت قىلىشقا قاتنىشىشقا جەلپ قىلدى، بۇ پۈتۈن ناھىيەنىڭ ساياھەت بايلىقىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئېچىشقا ھەمتۈرتكە بولۇپ، ئۈنۈمنى زورايتتى، بىزنىڭ چاڭغا تېيىلىش مەيدانىمىز دەل بۇنىڭدىن نەپ ئالغان ئورۇنلارنىڭ بىرى».

# جۇڭگو بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئىقتىساد ـ سودا ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرۇشى توغرا تاللاش، لېكىن ھەمكارلىقنىڭ پرىنسىپى بار

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ھازىر، جۇڭگو ئىقتىسادى بىلەن ئامېرىكا ئىقتىسادى چوڭقۇر يۇغۇرۇلدى، ئامېرىكا تەرەپنىڭ تاموژنا بېجىنى قوشۇپ ئېلىشى جۇڭگو خەلقىگە پايدىسىز، ئامېرىكا خەلقىگە پايدىسىز، دۇنيا خەلقىگىمۇ پايدىسىز. جۇڭگو بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئىقتىساد ـ سودا مەسىلىسىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىشى پۈتۈن دۇنيانىڭ ئارزۇسى، ئامېرىكا تەرەپنىڭ ھەرىكىتى دۇنيانىڭ ئارزۇسىغا زىت. جۇڭگو بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئىقتىساد ـ سودا ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرۇشى ئەڭ ياخشى تاللاش، لېكىن ھەمكارلىقنىڭ پرىنسىپى بار. جۇڭگو تەرەپ مۇھىم، زور پرىنسىپال مەسىلىلەردە ھەرگىز يول قويمايدۇ، قەتئىي تۈردە دۆلەتنىڭ يادرولۇق مەنپەئەتى ۋە خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ، ھەرقانداق ۋاقىتتا دۆلەتنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى يوقاتمايدۇ، ھەرقانداق ئادەم جۇڭگونىڭ ئۆزىنىڭ يادرولۇق مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ئاچچىق مېۋىنى يۇتىدۇ دەپ ئۈمىد باغلىمىسۇن. جۇڭگو تەرەپ سۆھبەت دەرۋازىسىنى باشتىن ـ ئاخىر كەڭ ئېچىۋەتتى، باشتىن ـ ئاخىر جۇڭگو بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئىقتىساد ـ سودا ساھەسىدە كەڭ دائىرىدە ئورتاق مەنپەئەتى ۋە كەڭ ھەمكارلىق بوشلۇقى بار، ئوخشاشلىقلاردا بىرلىككە كېلىپ پەرقلەرنى ساقلاپ قېلىپ، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىش كېرەك، دەپ قاراپ كەلدى. بۇ، كىشىلەر كۆڭلىنىڭ مايىللىقى. ئامېرىكا تەرەپنىڭ بىر نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، ئىدراكىي، ئەمەلىيەتچىل پوزىتسىيە بىلەن ساقلانغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىقتىساد ـ سودا ئالاقىسىنى ئىككى دۆلەت خەلقى ۋە دۇنيا خەلقىگە تېخىمۇ ياخشى بەخت يارىتىدىغان قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

دۇنيا كۆپ خىللىققا ئىگە، ئىختىلاپ بولمىسا دۇنيا بولمايدۇ. جۇڭگو ـ ئامېرىكا دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان 40 يىللىق ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگو ـ ئامېرىكا ھەمكارلىقى ئىككى تەرەپنىڭ تۈپ مەنپەئەتى بەلگىلىگەن، ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنى ياخشى قوغداش جۇڭگو تەرەپكە پايدىلىق، ئامېرىكا تەرەپكە پايدىلىق، پۈتۈن دۇنياغىمۇ پايدىلىق. خۇددى رەئىس شى جىنپىڭ ئېيتقاندەك: «ئىككى تەرەپ ئۆز ئارا ھۆرمەتلەش، باراۋەر مۇئامىلە قىلىش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ، ئوخشاشلىقلاردا بىرلىككە كېلىپ پەرقلەرنى ساقلاپ قېلىش، ئوخشاشلىقلارنى مۇجەسسەملەپ پەرقلەرنى تۈگىتىشتە چىڭ تۇرسىلا، ئۆتكىلى بولمايدىغان داۋان يوق، جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىمۇ چوڭ كاشىلىغا ئۇچراشتىن ساقلىنالايدۇ».

ئىقتىساد ـ سودا سۈركىلىشىگە قارىتا، جۇڭگو تەرەپنىڭ مەيدانى باشتىن ـ ئاخىر ئېنىق: سودا ئۇرۇشىدا غالىب قىلغۇچى يوق، جۇڭگو ئۇرۇشۇشنى خالىمايدۇ، لېكىن ئۇرۇشۇشتىنمۇ قورقمايدۇ. جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ مۇقىملىق ئىچىدە ياخشىلىنىشى چوڭ يۈزلىنىش، بىرىنچى پەسىلدە دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 6.4% ئاشتى، يۇقىرى تېخنىكىلىق ياسىمىچىلىق، يۇقىرى تېخنىكىلىق مۇلازىمەتچىلىككە سېلىنغان مەبلەغ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 11.4% ۋە 19.3% ئاشتى؛ ئىچكى ئېھتىياج جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ ئاساسىي موتورىغا ئايلاندى، بۇلتۇر ئىستېمالنىڭ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا تۆھپە قوشۇش نىسبىتى 76.2%كە يەتتى. بىز پۈتۈن يەر شارىدا ئەڭ مۇكەممەل كەسىپ سىستېمىسى ۋە ئۈزلۈكسىز كۈچىيىۋاتقان پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە، دۇنيادا كۆلىمى ئەڭ زور بولغان ئوتتۇراھال كىرىملىكلەر توپىغا ئىگە، 1 مىليارد 400 مىليونغا يېقىن نوپۇسى بار چوڭ بازارغا ئىگە، يېتەرلىك تەرەققىيات ئېلاستىكلىقى، يوشۇرۇن كۈچى ۋە قايتۇرۇۋالغۇدەك ئىمكانىيەتكە ئىگە. ئەمەلىيەت بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، ۋەزىيەت قانچە مۇرەككەپلەشكەنسېرى، خىرىس قانچە كەسكىنلەشكەنسېرى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنىڭ مۇقىملاشتۇرغۇچلۇق رولىنى شۇنچە جارى قىلدۇرۇش كېرەك. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىمىزنى ساقلاپ، جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىمىزنى ئاشۇرۇپ، زېھنىي كۈچىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆز ئىشىمىزنى ياخشى قىلساقلا، بىز تۈرلۈك خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلارغا تەمكىنلىك بىلەن تاقابىل تۇرۇپ، بارلىق قىيىنچىلىقلار، توسالغۇلار ئۈستىدىن غالىب كېلەلەيمىز.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

# فۇكاڭ شەھىرىنىڭ «ئاھالىلەرنىڭ ئىشلارنى ئىنكاس قىلىش كۈنى» ئامىمنىڭ دەۋا ـ تەلەپ يوللىرىنى راۋانلاشتۇردى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«زىددىيەت، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش سۈنى تىزگىنلىگەنگە ئوخشايدۇ، ۋاقتىدا يېتەكلەشكە، نىشانغا قاراپ كۈچەشكە توغرا كېلىدۇ، شۇنداق قىلغاندا ھەم ئامىمنى ئاز قاتراتقىلى، ھەم مەھەللە خىزمەتچىلىرىنىڭ خىزمەت يۈكىنى يەڭگىللەتكىلى بولىدۇ.» يۈەن دى مۇنداق دېدى: «ئاھالىلەرنىڭ ئىشلارنى ئىنكاس قىلىش كۈنى» مەسىلىنى ئاسانلاشتۇرۇشنىڭ ئاساسلىق يولىغا ئايلىنىۋاتىدۇ.

مەسىلىنى ھەل قىلىش بىلەن ئىش تۈگىمەيدۇ، ياخشى ھەل قىلىشلا ئاخىرقى نىشان. بۇنىڭ ئۈچۈن، فۇكاڭ شەھىرى «ئاھالىلەرنىڭ ئىشلارنى ئىنكاس قىلىش كۈنى» مەخسۇس پائالىيىتىنى سۈپا قىلىپ، «ئاھالىلەر ئىشلارنى ئىنكاس قىلىش» «نەق مەيداندا ئىشلارغا جاۋاب بېرىش» «كادىرلار ئىشلارغا ئىگە بولۇش» «ئۈنۈمنى سۈرۈشتۈرۈپ، ئىشنى ئاخىرلاشتۇرۇش»تىن ئىبارەت تۆت قەدەملىك يېپىق خىزمەت زەنجىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئامما ئىنكاس قىلغان مەسىلىلەرنى تېزدىن ھەل قىلىشقا تىرىشتى.

بوفېڭ كوچا ئىش باشقارمىسىنىڭ «دەۋا ـ تەلەپلەرنى يىغىش ھېسابات دەپتىرى»نى ۋاراقلىساق، ئۇنىڭدا نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەر خاتىرىلەنگەن بولۇپ، كۆپ قىسمىغا قىزىل قەلەم بىلەن «ھەل قىلىندى» دەپ ئىزاھلانغانىدى. بۇ مەسىلىلەر «ئاھالىلەرنىڭ ئىشلارنى ئىنكاس قىلىش كۈنى» ئارقىلىق ھېسابات خاتىرىسىگە كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، مەھەللىدىكى ئالاقىدار ئورۇنلار «جىددىي مەسىلىلەر تىزىملىكى» «ئادەتتىكى مەسىلىلەر تىزىملىكى» «نۇقتىلىق مەسىلىلەر تىزىملىكى» بويىچە تۈرگە ئايرىپ بېجىرىپ، قاراپ چىقىلغان مەسىلىلەرنىڭ بېجىرىلىش ئەھۋالىنى ۋاقتىدا ئېلان قىلىپ، ئامىمنىڭ نازارىتى ۋە باھاسىنى قوبۇل قىلدى.

مۇشۇ ئاساستا، ئامىمنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە ئامىمغا مۇلازىمەت قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، فۇكاڭ شەھىرى «ئاھالىلەرنىڭ ئىشلارنى ئىنكاس قىلىش كۈنى» مېخانىزمىنى ھەرقايسى كەنت، بازارلارغىچە كېڭەيتىپ، «كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىشلارنى ئىنكاس قىلىش زالى»نى تەسىس قىلدى. فۇكاڭ شەھىرى يەتتە يېزا ـ بازاردىكى 61 مەمۇرىي كەنتتە «كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىشلارنى ئىنكاس قىلىش زالى»نى تەسىس قىلىپ، 1 ـ شۇجى، كەنت «ئىككى كومىتېت»نىڭ كادىرلىرى قاتارلىقلارنى مەركەزلىك كۈتۈۋېلىشقا قويۇپ، كەنت ئاھالىلىرى ئىنكاس قىلغان ئىشلار بويىچە «ھەربىر ئىشقا ئىنكاس قايتۇرۇش، ھەربىر ئىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش»كە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش سەۋىيەسى ۋە ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى.

بۇ يىل 4 ـ ئايدىن بۇيان، فۇكاڭ شەھىرى «ئاھالىلەرنىڭ ئىشلارنى ئىنكاس قىلىش كۈنى» پائالىيىتى ئارقىلىق ئاھالىلەرنىڭ دەۋا ـ تەلەپىدىن جەمئىي 117نى يىغىپ، تەھلىل قىلىپ، ھۆكۈم چىقارغاندىن كېيىن، كوچا باشقارمىسى، مەھەللىلەر 86نى ھەل قىلدى، 31ىگە ئالاقە ئەۋەتتى. «كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىشلارنى ئىنكاس قىلىش زالى» كەنت ئاھالىلىرىنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىغا تەسىر يەتكۈزگەن قىيىنچىلىق دەۋا ـ تەلەپتىن جەمئىي 146نى ھەل قىلدى، ئاممىنىڭ رازى بولۇش دەرىجىسى 100%كە يەتتى.

# «كىچىكىمدە سىز مېنى باقتىڭىز، ياشانغىنىڭىزدا مەن سىزنى باقىمەن»

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئائىلىسى ۋەيران بولۇپ، تۇرمۇشى غۇربەتچىلىكتە قالغان جاۋ لۇڭگونىڭ يۈرىكى ئېزىلىپ، نەچچە قېتىم قاتتىق ئويلانغاندىن كېيىن، ئالتۇن قېزىش ئارزۇسىدىن ۋاز كېچىپ، ئالتاي شەھىرىگە بېرىپ ئىشلەمچىلىك قىلىپ پۇل تېپىش ئويىغا كەلدى. لېكىن گۆدەك ئوغلىغا قارايدىغان ئادەم بولمىغاچقا، جاۋ لۇڭگو ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدا قالدى. تۆلېگىن جاۋ لۇڭگونىڭ ئويىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بالىسىنى باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ، جاۋ لۇڭگوغا مۇنداق دېدى: خاتىرجەم بولغىن، بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ يەيدىغىنىملا بولىدىكەن، بالا ئاچ قالمايدۇ، مەن ئۇنى ئۆز بالامدەك كۆرىمەن.

شۇنىڭ بىلەن، بەرگەن مۇشۇ ۋەدىسى ئۈچۈن، تۆلېگىن ئېغىر مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالدى، مۇشۇ ۋەدىسى ئۈچۈن، ئۇ سەممىيىتى ۋە ئاق كۆڭۈللۈكى بىلەن بۇ بالىنى ئاسراپ بېقىپ چوڭ قىلدى.

ئايلار ئۆتۈپ، يىللار ئۆتۈپ، جاۋ كەي تۆلېگىننىڭ ئۆيىدە شۇ تۇرۇشىدا بەش يىل تۇردى. بەش يىل جەريانىدا، تۆلېگىن ئەر ـ خوتۇن جاۋ كەينى ئەتىۋارلاپ بېقىپ، ياخشى نەرسىلەر بولسا ئالدى بىلەن جاۋ كەيگە يېگۈزۈپ، ھېيت ـ بايراملاردا ئالدى بىلەن جاۋ كەيگە يېڭى كىيىم ئېلىپ بەردى. جاۋ كەي مىفەنگە بەك ئامراق بولغاچقا، تۆلېگىن پات ـ پات نەچچە ئون كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بازارغا مەخسۇس ئاتلىق بېرىپ گۈرۈچ ئېلىپ كېلەتتى.

ۋاقىتنىڭ ئۆزۈرىشىغا ئەگىشىپ، تۆلېگىننىڭ بالىلىرىمۇ جاۋ كەي بىلەن قېرىنداشلىق مېھرى ئورناتتى، يەيدىغان ياخشى يېمەكلىك، ئوينايدىغان ياخشى ئويۇنچۇق بولسا ئالدى بىلەن ئىنىسىغا بېرىدىغان، مەكتەپكە بېرىپ ـ كەلگىچە ئىنىسىدىن قەتئىي ئايرىلمايدىغان بولدى.

جاۋ لۇڭگو ئالتاي شەھەر رايونىدا بەش يىل ئىشلەمچىلىك قىلغاندىن كېيىن تۇرمۇشى ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىملىشىپ ئازراق پۇل تاپتى. ئۇ ئوغلىنى ئالتاي شەھىرىگە ئەكىلىپ، بىر تەرەپتىن، ئىشلەمچىلىك قىلىپ، بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالماقچى بولدى.

تۆلېگىن ئەر ـ خوتۇن جاۋ لۇڭگونىڭ جاۋ كەينى ئېلىپ كەتمەكچى بولغانلىقىنى بىلگەندە ئىچ ـ ئىچىدىن قىيالمىدى.

ئايرىلىدىغان كۈنى، ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى كۆزىگە ياش ئېلىپ جاۋ كەي ئادەتتە ئەڭ ياقتۇرۇپ يەيدىغان قۇرۇتۇلغان گۆش، قۇرۇتلاردىن تەييارلاپ بەردى، ھەم توختىماستىن جاۋ كەيگە مۇنداق تاپىلىدى: «ئوغلۇم، چوقۇم ياخشى ئوقۇغىن، تەتىلگە قويۇپ بەرسىلا قايتىپ كەلگىن.» تۆلېگىننىڭ خوتۇنى سەمەيقان جاۋ كەينى باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ يېنىش ـ يېنىشلاپ سۆيدى، ئېسەدەپ يىغلاپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، تۆلېگىن ئەر ـ خوتۇن جاۋ كەينىڭ غېمىدىلا بولدى: بالىنىڭ ئۇ يەردىكى تۇرمۇشى قانداقراقتۇ؟ ئۆگىنىش قىلىپ ھارغانمىدۇ؟ ئۇلار دائىم پىششىق گۆش، ساڭزىلارنى تەييارلاپ، باشقىلارغا مەكتەپكە ئاپىرىپ جاۋ كەيگە يەتكۈزۈپ بېرىشنى ھاۋالە قىلىدى. بالىنىڭ مەكتەپتە توڭلاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، سەمەيقان يېرىم يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ساپ قوي يۇڭىدىن جاۋ كەي ئۈچۈن كىگىز بېسىپ، كۆرپە، يوتقان، پاختىلىق چاپان، پاختىلىق ئىشتان تىكىپ مەكتەپكە يەتكۈزۈپ بەردى.

شۇنداق قىلىپ، جاۋ كەي تۆلېگىن ئەر ـ خوتۇننىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشى نەتىجىسىدە يىلدىن ـ يىلغا چوڭ بولدى...

كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئون نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى، ئەينى چاغدىكى كىچىك جاۋ كەي چوڭ بولۇپ قۇرامىغا يەتتى، ئۇ ھازىر خوتەندە خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. گەرچە ئارىلىقى 1000 چاقىرىم كەلسىمۇ، ئەمما ئۇ كۆڭلىدە دادىسى تۆلېگىن ۋە ئاپىسى سەمەيقاننىڭ غېمىنى يەيتتى. مەيلى خىزمىتى قانچىلىك ئالدىراش بولسۇن، ئۇ ھەر ھەپتىدە چوقۇم ۋاقىت چىقىرىپ، ئۈندىدار سىندا «ئاتا ـ ئانىسى»نىڭ تۇرمۇشى، سالامەتلىك ئەھۋالىنى سوراپ تۇردى ھەم «ئاتا ـ ئانىسى»غا ئۆزىنىڭ تۇرمۇش، خىزمەت ئەھۋالىنى ئېيتىپ بەردى. جاۋ كەي مۇنداق دېدى: «ئېسىمنى بىلگەندىن تارتىپ، سەمەيقان ئاپام ماڭا ئانىلىق مېھرىنى بېرىپ كەلدى، تۆلېگىن دادام ماڭا تېخىمۇ چەكسىز مېھرىبانلىقنى يەتكۈزدى، گەرچە مېنى باققان ئاتا ـ ئانام بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتىم بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇلار مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ يېقىن كىشىلىرىم.»

2017 ـ يىلى 3 ـ ئايدا تۆلېگىن سىرتقا ئىش بېجىرگىلى چىققاندا قاتناش ھادىسىسىگە ئۇچرىدى، جاۋ كەي خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال كۆكتوقاي ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا يېتىپ كېلىپ، تۆلېگىننىڭ يېنىدىن كېچە ـ كۈندۈز ئايرىلماي، كۆڭۈل قويۇپ قارىدى، بەدەنلىرىنى سۈرتتى، ئۇۋۇلدى، ھېكايە ئېيتىپ بەردى... نەچچە كۈن ھوشسىز ياتقان تۆلېگىن ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بىر بىلىكىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى بايقىغاندا، ئۆزىنى يوقىتىپ قويغىلى تاس قالدى.

بۇ چاغدا، جاۋ كەي تۆلېگىننى قۇچاقلاپ تۇرۇپ: «دادا، ئەنسىرىمەڭ، سىز مېنى بېقىپ چوڭ قىلدىڭىز، ھازىر مەن پۇل تاپالايدىغان بولدۇم، بۇنىڭدىن كېيىن سىزنىڭ ھالىڭىزدىن مەن خەۋەر ئالىمەن!» دېدى.

ئۇ «دادا»سىنىڭ كارىۋىتى يېنىدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلمىدى، ھەرگىز بىخەستەلىك قىلمىدى، ئازراقمۇ ۋايسىمىدى. ئۇنىڭ كۆڭۈل قويۇپ قارىشى نەتىجىسىدە، تۆلېگىننىڭ سالامەتلىكى ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە كەلدى.

دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ مېھىر ـ شەپقەتمۇ ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىلىرىنى بېقىپ چوڭ قىلغان مېھىر ـ شەپقىتىنى بېسىپ چۈشەلمەيدۇ. جاۋ كەينىڭ دېيىشىچە، دادىسى تۆلېگىن بىلەن ئاپىسى سەمەيقان ئۇنىڭغا باشقىچە ئاجايىپ مېھىر ـ مۇھەببىتىنى بەرگەن بولۇپ، ئۇ بىر ئۆمۈر ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىكەن.